# سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۇخلىغان چاغدا، بېشىنىڭ كەينى تەرىپىگە شەيتان ئۈچ تۈگۈن چېگىدۇ، ھەر بىر تۈگۈننى، ساڭا كېچە ئۇزۇن ئۇخلاۋەرگىن دەپ چېكىتىدۇ

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۇخلىغان چاغدا، بېشىنىڭ كەينى تەرىپىگە شەيتان ئۈچ تۈگۈن چېگىدۇ، ھەر بىر تۈگۈننى، ساڭا كېچە ئۇزۇن ئۇخلاۋەرگىن دەپ چېكىتىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئويغۇنۇپ ئاللاھنى ئەسلىسە، بىر تۈگۈن يېشىلىدۇ، تاھارەت ئالسا بىر تۈگۈن، ناماز ئوقۇسا يەنە بىر تۈگۈن يېشىلىپ كەيپىياتى يۇقىرى ۋە روھلۇق ھالەتتە تۇرىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا ھورۇن ۋە كەيپىياتسىز ھالەتتە تۇرىدۇ»

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: شەيتان ئۇخلىغۇچىنىڭ بېشىنىڭ كەينىگە ئۈچ تۈگۈن چېگىدۇ، تۈگۈن دېگەن ھەقىقەتتە سېھىرگەر سېھرى قىلىدىغان كىشىگە تۈگۈن چەككەندەك بىر يىپنى ئېلىپ ئۇنىڭغا تۈگۈننى چېگىدۇ ۋە سېھىرگە ئالاقىدار سۆزلەرنى قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ۋاقىتتا سېھرى قىلىنغۇچىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىبنى ماجىنىڭ رىۋايىتىدە: كېچىدە سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ بېشىنىڭ كەينى تەرىپىگە بىر شوينىدا ئۈچ تۈگۈن چېگىدۇ دېيىلگەن، ئۇنى بېشىنىڭ كەينىگە چېگىشى ئۇ يەرنىڭ كۈچلۈك ۋە ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئورۇن بولغانلىقىدىندۇر، ئۇ ئورۇن شەيتانغا تىز بويسۇنىدىغان ۋە چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشىدىغان ئەڭ كۈچلۈك ئورۇن بولغاچقا، شەيتان ئۇ ئورۇننى باغلىۋالسا، ئىنسان روھىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئېغىر ئۇيقۇ تاشلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ، ھەر بىر تۈگۈننى تۈگۈننىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن كېچە ئۇزۇن خالىغىنىڭچە ئۇخلا، ئۇيقۇڭنى داۋاملاشتۇرغىن كېيىنرەك ئويغانساڭمۇ كېچىلىك ناماز ئوقۇيدىغانغا ۋاقىت بار دەپ دەم چېكىتىدۇ، ئويغۇنۇپ ئاللاھنى زىكىر قىلسا بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن بىر تۈگۈن يېشىلىدۇ، تاھارەت ئالسا ئۇنىڭ بەرىكىتى بىلەن بىر تۈگۈن يېشىلىدۇ. مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە: تاھارەت ئالسا ئىككى تۈگۈن يېشىلىدۇ دېيىلگەن. ئەگەر چوڭ تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن يۇيۇنسىمۇ شۇنداق بولىدۇ، ئەگەر ناماز ئوقۇسا گەرچە بىر رەكەت بولسىمۇ ئۈچىنچى تۈگۈن يېشىلىدۇ. بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە: ھەممە تۈگۈن يېشىلىدۇ دېيىلگەن، جۇشقۇن ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزىدۇ، شەيتاننىڭ تۈگۈنى يېشىلگەن، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا مۇيەسسەر بولۇپ ۋەدە قىلىنغان ساۋابقا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن خۇرسەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىكەت بەرگەن مۇشۇ گۈزەل تەسەررۇپ بىلەن ۋۇجۇدى پاك ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ تۈرلۈك ئىش بولمىسا، ھورۇن، ۋۇجۇدى روھسىز ھالەتتە ئورنىدىن تۇرىدۇ، يەنى ياخشىلىقتىن يىراقلىشىپ، شەيتانغا خار بولغانلىق سەۋەبىدىن ئۇنىڭ ھالىتى ئۆزگىرىدۇ. ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىستىن كېچىلىك نامازدا ۋۇجۇدنى پاكلايدىغان بىر سىر ئاشكارا بولىدۇ، گەرچە ناماز ئوقۇغۇچى باشقا ئىشلارنى ھازىر قىلمىسىمۇ شۇنداق بولىدۇ، ئاشۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئەكسىمۇ شۇنداق بولىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزى ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ: «شۈبھىسىزكى، كېچىنىڭ قىيامى (يەنى كېچىدە كىشىنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ تۇرۇشى) ئەڭ مۇۋاپىقتۇر، (تېنچ بولغانلىقى ئۈچۈن) كېچىنىڭ قىرائىتى ئەڭ توغرا بولىدۇ

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee